يېڭى باشلىنىش  يېڭى مۇساپە

# قاغىلىق ياڭاقتىن مانا مۇشۇنداق تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ




□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، راھىدە**

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسى كەنتئىچى كەنتدىكى يېزا ـ كەنت تاشيولىدا يول بويى كۆلكە ـ چاقچاق ساداسى ئۆزۈلمىدى، ئابدۇللا مەمەت، سەيدىئەخمەت ئابدۇقادىر، مەتىمىن توختى قاتارلىق كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياڭاقلىرىنى تىراكتورغا بېسىپ، بىللە ياڭاق ساتقىلى ماڭدى.

يولدا، ئابدۇللا ھەمراھلىرىغا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل ياڭاقتىن ئالغان ھوسۇل بۇلتۇرقىدىن يۇقىرى بولدى، ئۇزىسەكلا ساتقىلى بولىدۇ. ياڭاقنى بالدۇرراق پۇلغا ئالماشتۇرساق، بىز يەنە سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تاپالايمىز».

ياڭاق سېتىش نۇقتىسى كەنتئىچى كەنتىگە قوشنا بولغان ياربويى كەنتىدە ئىدى. ئابدۇللا ۋە باشقا كەنت ئاھالىلىرى بىرلىكتە تاغار ـ تاغار پوستى ئاقلانمىغان ياڭاقنى ماشىنىدىن چۈشۈرگەندىن كېيىن، جىڭدىن ئۆتكۈزۈپ پۇل ئېلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. يېقىنلا جايدا، ياڭاق پوستىنى ئاقلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى «گۈركىرەپ» ئايلىنىپ تۇراتتى، ياڭاقلار پوستى ئاقلانغاندىن كېيىن، يۇيۇش ماشىنىسىغا سېلىنىپ يۇيۇلۇۋاتاتتى.

«يەنىلا مۇشۇنداق بولسا قولايلىق بولىدىكەن. ئىلگىرى بىز ئۈزگەن ياڭاقلارنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، ئاۋۋال دۆۋىلەپ پوستىنى قۇرۇتاتتۇق، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ قول بىلەن ئاقلايتتۇق. قولىمىز قاپقارا بوياغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى، ياڭاقنى پوستىدىن پاكىز ئاقلاپ قۇرۇتۇشقا تەخمىنەن ئىككى ئاي ۋاقىت كېتەتتى» دېدى سەيدىئەخمەت.

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئەزەلدىنلا «جۇڭگودىكى ياڭاق ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار، پۈتۈن ناھىيەنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق كۆلىمى 800 مىڭ مو كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭاقلىق 580 مىڭ مو، يىلىغا 130 مىڭ توننا ياڭاق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، دېھقانلار ئۆستۈرگەن ياڭاقتىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2800 يۈەنگە يېقىن ساپ كىرىم قىلىدۇ. ھەر يىلى ياڭاق يىغىش پەسلىدە، نۇرغۇن كەنتتە ھەممە ئائىلە ياڭاق ئۈزۈش، قۇرۇتۇش ۋە سېتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يىل قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاق ئۆستۈرگۈچىلەر كەنتئىچى كەنتى ئاھالىلىرىگە ئوخشاش ياڭاق يىغىش پەسلىنىڭ قىستارغانلىقىنى، سېتىشنىڭ تېخىمۇ قولايلاشقانلىقىنى، ئىلگىرى تاشلىۋېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ گۆھەرگە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلدى.

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چارباغ بازىرى بەخت دەرياسى كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى قاغىلىق ياڭاق سودا مەركىزىدە، يۈك ئاپتوموبىلى، تىراكتور، ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتلاردا توشۇپ كېلىنگەن ياڭاقلار سېتىش رايونىدىكى يۈك مەيدانىغا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. مۇلازىمەت زالىدىكى چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرگىلى بولىدىغان سۇپىدا كۆرسىتىلىشىچە، 7300 توننا ياڭاق سېتىۋېلىنغان، 6800 ئائىلىلىك دېھقان سودا قىلغىلى كەلگەن، سودا مەركىزى ئۆز ئالدىغا 5500 توننا ساتقان... پىششىقلاش رايونىدىكى ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، ئىشچىلار تاغار ـ تاغار «پوستلۇق» ياڭاقنى تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.

«ئەگەر پەقەت پوستلۇق ياڭاقلا ساتسا، دېھقانلار ياڭاق كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. بىز زامانىۋى ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكا ئارقىلىق ياڭاقنىڭ ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىسراپچىلىق ۋە بۇلغىنىشنى ئازايتساق، يەنە بىر تەرەپتىن ياڭاق بازىرىدا تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ھەقىقىي ئاشۇردۇق» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى قاغىلىق ياڭاق سودا مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى فېي شىڭخۇا.

مۇخبىرلار سودا مەركىزىدىكى نۇرغۇن ئىشلەمچىنىڭ بەخت دەرياسى كەنتى ھەم ئەتراپتىكى كەنتلەردىن كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئىشلەمچى قۇربانىسا ھىدايەت مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ياڭاقنىڭ پوستىنى قولدا ئاقلىغاندا، بىر ئادەم بىر كۈندە 100 نەچچە كىلوگرام ياڭاقنى بىر تەرەپ قىلالايتتى، ھازىرقى ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە بىر كۈندە 1000 توننا ياڭاقنىڭ پوستىنى ئاقلىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پوستى ئاقلىنىپ قۇرۇتۇلغان ياڭاقنىڭ رەڭگى بىردەك، سىرتقى كۆرۈنۈشى پاكىز بولىدۇ.

فېي شىڭخۇا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ياڭاقنىڭ پوستىدا تاننىن مىقدارى يۇقىرى، پوستىنى ۋاقتىدا ئاقلىمىغاندا، ياڭاقنىڭ تەمىگە تەسىر يېتىدۇ؛ ئەگەر پوستىنى خالىغانچە تاشلىۋەتسە، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغايدۇ. پىششىقلاش كارخانىلىرى ياڭاقنىڭ پوستىدىن تاننىن ئايرىپ، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياڭاق مېغىزى پىششىقلاشتىن چىققان شاكالدىن ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كاربون پىششىقلاپ ئىشلەپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئېقىشنى توسۇش دورىسىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ياڭاق شاكىلىنى ئىلگىرى كەنت ئاھالىلىرى يېقىلغۇ قىلاتتى، كۆيدۈرگەندە ھاۋانى بۇلغايتتى.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، قاغىلىق ناھىيەسى بىر تۈركۈم ياڭاق پىششىقلاش كارخانىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ناھىيەدە باشلامچى بولۇش، يېزىدا بازا بولۇش، كەنتتە ھەمكارلىق كوپېراتىپى بولۇشتەك تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، «1 ـ كەسىپنى كەينى ـ كەينىدىن يولغا قويۇش، ياڭاقنىڭ ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلىنىش»تەك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. 300 مىڭ ئامما ياڭاق ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، پىششىقلاش، سېتىشنى چۆرىدەپ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرغان، ياڭاق كەسپى قاغىلىقتىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىكى مۇھىم تىرەككە ئايلانغان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، 2018 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە قاغىلىق ناھىيەسى 117 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ياڭاق پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان 41 يېزا ـ كەنت سېخىغا ياڭاق پوستىنى ئاقلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى، ياڭاق يۇيۇش ماشىنىسى، قۇرۇتۇش ئۆيى يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىلىرى، ياڭاق مېغىزىنى دەرىجىگە ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىق پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ سەپلەپ بەرگەن، 37 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا باغ ـ ئورمانچىلىق يۇمىلاق تەخسىلىك ھەرىسى (يۈرۈشلۈك تىراكتور)، ئاپتوماتىك ئۆرلەش ـ تۆۋەنلەش سۇپىسى، شاخ ـ شۇمبا ئېزىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ سەپلەپ بەرگەن. زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىش ئەندىزىسى ئارقىلىق ياڭاقنىڭ ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياڭاقنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ياڭاق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار رىقابەت كۈچى ۋە تاۋارلىشىش نىسبىتى ئاشۇرۇلۇپ، ياڭاق كەسپىنىڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىن كۆتكەن سەممىي ئۈمىدىنى تولۇق نامايان قىلدى. تەقدىرلەنگەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرەپنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش نەمۇنىچىلىرىدىن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەمۇنىچىلىرىدىن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش نەمۇنىچىلىرىدىن، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش نەمۇنىچىلىرىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇننى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ساھەسىنى كېڭەيتىپ، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى بەرپا قىلىش نەتىجىلىرىنى ئورتاق يارىتىش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. پارتىيەنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، ماس ئالغا سىلجىتىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

---

ئامىنە ماموت:

# كۆڭلىرىمىز ياخشىلاندى، غەيرىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى




□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىن**

«مەن ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن!» سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىش ئامىنە ماموتنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئائىلىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىپ، يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ كۆپ بىر يىل بولدى.

«9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە بىز پاختا تەردۇق، يېقىندا چىلان ئۈزۈۋاتىمىز، ئىزچىل بىكار تۇرمىدۇق.» 37 ياشلىق ئامىنەنىڭ سۆزلىرىدىن مول ھوسۇل شادلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئامىنە ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غورۇچۆل بازىرى قۇمبۇلاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى. بۇ كەنت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يېرى ئۈنۈمسىز، ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز ئىدى. «بىر ئائىلىدە تۆت جان، ئالتە مو يېرىمىز بار، ئىلگىرى پۈتۈنلەي يەر تېرىشقىلا تايىناتتۇق.» ئامىنە مۇنداق دېدى: ئالدىنقى بىر قانچە يىلدا پۇل تېپىش يوللىرى ئاز بولغاچقا، كۆڭلىرىمىز غورىگىل ئۆتەتتى، 2014 ـ يىلى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە قاتارىغا كىرگۈزۈلدۇق. 2017 ـ يىلى ئېرىم تۇرغۇن مولتوختى تېرىقچىلىق قىلىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن يارىلىنىپ، ئوڭ بىلىكى ئۇۋۇلۇپ سۇنۇپ كەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغان بولدى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى يالغۇز مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى.

«ئۆيدىكى ھەممە پۇلنى ئېرىمنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا ئىشلەتتۇق، ئائىلىمىز تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى.» ئاشۇ كۈنلەرنى تىلغا ئالغاندا ئامىنە ئىنتايىن مەيۈسلەندى. «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى مېنى تۇرمۇشقا نىسبەتەن يەنە بىر قېتىم ئۈمىدكە ئىگە قىلدى.» پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن، ئۇنىڭ كۆلكىسى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، پىششىق بىلىدىغانلىرىنى توختىماي سۆزلەپ كەتتى: ئىككى بالام مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايمىز؛ ھۆكۈمەت يېڭى ئۆي سېلىشىمىزغا ياردەم بەردى، ھويلىمىزنى ئوڭشاپ بەردى، يەنە قوتان سېلىپ بەردى، 2017 ـ يىلى يەنە 20 تۇياق نامراتلارنى يۆلەش قويى ۋە يەم ـ خەشەك تارقىتىپ بەردى، مەن ئۆزۈم يەنە ئون تۇياق نامراتلارنى يۆلەش قويىنى ۋاكالىتەن باقتىم، بىر يىل مابەينىدە، بۇ قويلار كۆپىيىپ 41 بولدى؛ 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەن 30 تۇياق قوينى سېتىۋېتىپ، ئىككى كالا باقتىم.

ئامىنە ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ئايال. 2018 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ قۇمبۇلاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئۇدۇلىدا كىچىك بازار ئېچىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بىر يايما ئورنى ۋە كاۋاپدان بىلەن تەمىنلىدى. ئامىنە كاۋاپچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، يايما ئېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كاۋىپى تەملىك، باھاسى ئەرزان بولغاچقا، تىجارىتى ئىزچىل روناق تېپىپ، بىر يىلدا 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدى. باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەمچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ئامىنەنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئامىنە يەنە بېيىش يولىغا قاراپ ئاتلانماقچى بولدى. بۇ يىل، ئامىنە بىلەن ئېرى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىشتى، ئېرى ئۆيدە مەخسۇس باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى، ئۇ كەنتتىكى باشقا تۆت كىشى بىلەن كېۋەز تېرىيدىغان چوڭ ئائىلە ئۈچۈن 300 مو كېۋەزلىكنى باشقۇرۇپ پەرۋىش قىلىپ بېرىدىغان بولدى، ھەر مو يەردىن 180 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولاتتى، ھېسابلاپ كۆرگەندە، كىشى بېشىغا 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلغىلى بولاتتى.

ئون نەچچە كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن ئامىنە تۇيۇقسىز كەنتكە قايتىپ كەلدى. باشقىلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگىنى شۇكى، بۇ قېتىم ئۇ ئائىلە تۇرمۇشىنى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇردى: ئۇ كەنتتىكى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن ئۈچ يىللىق ھاۋالىلىك باشقۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاپ، يېرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قىلدى، بالىلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇردى، ئۇ ئېرى بىلەن بىرلىكتە يەر باشقۇرۇشقا بارماقچى بولدى. ئەسلىدە، ئۇ ئائىلىسىنىڭ كىرىم ھېساباتىنى تەپسىلىي ھېسابلاپ چىققانىدى: يەر باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئۇ بەش ئايدىلا 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلالايدىكەن، بۇ يەنە 9 ـ ئايدىن كېيىنكى پاختا تېرىشتىن قىلىدىغان كىرىمگە تەسىر كۆرسەتمەيدىكەن؛ يەر باشقۇرىدىغان بىر كەنت ئاھالىسى كېسەل سەۋەبىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكتىن، ئۇ ئېرىنى بىللە ئىشلەمچىلىك قىلىشقا ئېلىپ كەلدى، بۇنداق بولغاندا بىر ـ بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماي، ئائىلىسىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپىيەتتى.

پىكىر يولى ئۆزگىرىۋېدى، بېيىش يولى تېخىمۇ كېڭەيدى. ھازىر، ئۇ ئېرى بىلەن 120 مو يەردىكى كېۋەزلىكنى پەرۋىش قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، يەنە بىرلىكتە پاختا تەردى، چىلان ئۈزدى. «مەن ھەر كۈنى 90 كىلوگرامدىن 110 كىلوگرامغىچە پاختا تېرىمەن، ئېرىم ھەر كۈنى 50 ـ 60 كىلوگرام پاختا تېرىدۇ، بىر كىلوگرام پاختا تەرسەك، بىر كوي سەككىز مو كىرىم قىلالايمىز.» ئامىنە بارمىقىنى پۈكۈپ مۇنداق ھېسابات قىلدى: قوي، كالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش، يەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قىلىشتىن كىرگەن كىرىمنى قوشساق، بۇ يىل ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى 40 نەچچە مىڭ يۈەن بوپتۇ. «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە، ئائىلىمىزمۇ ئارقىدا قالسا بولمايدۇ!» دېدى ئامىنە پەخىرلەنگەن ھالدا.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ قۇمبۇلاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ياڭ چياڭۋا مۇنداق تونۇشتۇردى: ئامىنەنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلىشى بىلەن، بۇ يىل كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش ئاكتىپلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن كەنتتىن سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار سانىدا يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، 514 كىشىگە يەتتى، بۇ، پۈتۈن كەنتتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 70%نى ئىگىلەيدۇ؛ سىرتقا چىقالمايدىغان كەنت ئاھالىلىرى كەنتتە ئەمىن ئۆي سېلىش، يېزا ـ كەنت يوللىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى، مۇشۇنداق قىلىپ پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى.